# يېڭى ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ مەردانە قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيلى!

## —— ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىككى يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك يېپىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

باش ماقالىسى

گۈللەپ ياشناشقا تەقدىر بولدى ھەممە، كۈتمەكتە باھارنىڭ گۈلدۈرمامىسىنى. بارلىق ۋەكىللەر، ئەزالارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 - يىغىنى تۈرلۈك قارالمىلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ غەلىبىلىك يېپىلدى. بىز ئىككى يىغىننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئۇتۇقلۇق بولغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغان ۋەكىللەر، ئەزالارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

بۇ يىللىق «ئىككى يىغىن» ئالدىنقى ئىشلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكى ئىشلارغا يول ئاچىدىغان، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملانغان، پات ئارىدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلىنىدىغان مۇھىم پەيتتە ئېچىلغان بولۇپ، «ئىككىنچى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىشنى پىلانلاش، «14 - بەش يىل»لىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن يارىتىشتەك مۇھىم بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان. يىغىن مەزگىلىدە، ھەرقايسى ۋەكىللەر، ئەزالار يۈكسەك بۇرچ تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تولۇپ تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق بىلەن، مۇقىملىق، تەرەققىيات پىلانى ئۈستىدە كېڭەشتى، ئەمەلىي، ئەسقاتىدىغان تەدبىرلەرنى سۇندى، يىغىن كىشىنى روھلاندۇرىدىغان مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خەلقنىڭ ئىرادىسىنىڭ بىرلىكىنى تولۇق نامايان قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

كۈرەش ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى، مەسئۇلىيەتچانلىق گۈزەل سەھىپە پۈتتى. «13 - بەش يىل»غا قايتا نەزەر سالساق، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، 2-، 3- قېتىملىق مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئۇزاقتىن بۇيان ھەل قىلماقچى بولسىمۇ ھەل قىلالمىغان نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئىلگىرى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولسىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان نۇرغۇن چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە قەدەم قويۇشقا پۇختا ئاساس سېلىندى، يېڭى دەۋردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرى قەرەلىدە تاماملاندى، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا، شىنجاڭ خىزمىتى يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرماقتا.

ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەقەتلا مۇقەددىمە؛ بوشاشماي تىرىشساقلا نىشانغا ھامان يېتەلەيمىز. «14 - بەش يىل» مەزگىلى شىنجاڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان، ئەبەدىي ئەمىنلىككە قەدەم قويىدىغان ھالقىلىق بەش يىل. 2035 - يىلغا بارغاندا پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ قەدەمدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش كەلگۈسى نىشانى بويىچە، بۇ قېتىمقى ئىككى يىغىندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا يېڭى نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە يېڭى قەدەم تاشلىنىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا يېڭى ئىلگىرىلەش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلىدۇ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدا يېڭى ياخشىلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ، خەلق تۇرمۇشى بەخت - سائادىتى يېڭى سەۋىيەگە يەتكۈزۈلىدۇ، جەمئىيەت مۇقىملىقىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلىدۇ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارى يېڭى يۈكسىلىشكە ئېرىشىدۇ. بۇ سەككىز «يېڭى» دېگەن سۆز شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى بەش يىللىق تەرەققىياتىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانىنى سىزىپ بەرگەن، «ئىككىنچى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىشنىڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش بۇرغىسىنى چالغان.

مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرمۇ بىرىنچى قەدەمدىن باشلىنىدۇ، باشلىنىش يىلى ئىنتايىن مۇھىم، بۇ يىللىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. ئىجادىي تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇلۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىلىدۇ؛ خاس، ئەۋزەل كەسىپلەر يېتىلدۈرۈلۈپ، زورايتىلىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇنىدۇ؛ ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسى يولغا قويۇلۇپ، سېلىنما ۋە ئىستېمال كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ؛ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، ئىچكى - تاشقى ئېچىۋېتىش كېڭەيتىلىدۇ؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرى مۇستەھكەملىنىپ، كېڭەيتىلىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلىدۇ؛ تۈرلۈك خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى ئالغا سىلجىتىلىپ، خەلق تۇرمۇشى كۈچەپ كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ ۋە ياخشىلىنىدۇ... ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلىنىپ، مەۋقە يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇلۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەلىپى ھەربىر كونكرېت نىشانغا، ھەربىر تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتكە، ھەربىر خەلق تۇرمۇشى ئەمەلىي ئىشىغا ئايلاندۇرۇلغان، تۈرلۈك كۆزلىمە نىشانلار كىشىنى روھلاندۇرىدىغان ھەم ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان بولۇپ، بۇ، بىزنىڭ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن «14 - بەش يىل»نىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشىدۇ.

بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەپ، قەتئىي بەل قويۇۋەتمەي، پۇختا، ئەستايىدىللىق بىلەن غەيرەت قىلىپ ئىشلەپ، يېڭى ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ مەردانە قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيلى!

## لى نىڭپىڭنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

(بېشى 3 - بەتتە)

1990 - يىلى 9 - ئايدىن 1992 - يىلى 2 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۈنەس ناھىيەسى ياۋا مېۋىلىك ئورمان سورتىنى ياخشىلاش مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1992 - يىلى 2 - ئايدىن 1992 - يىلى 12 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۈنەس ناھىيەسى ياۋا مېۋىلىك ئورمان سورتىنى ياخشىلاش مەيدانىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 1992 - يىلى 12 - ئايدىن 1995 - يىلى 1 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى ۋىلايەتلىك باغۋەنچىلىك ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان؛ 1995 - يىلى 1 - ئايدىن 2000 - يىلى 8 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى ۋىلايەتلىك باغۋەنچىلىك ئورنىنىڭ باشلىقى بولغان (1993 - يىلى 9 - ئايدىن 1996 - يىلى 8 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدە ئىشلەۋېتىپ ئوقۇغان؛ 1999 - يىلى 11 - ئايدىن 2000 - يىلى 5 - ئايغىچە ياپونىيە دەيگۇاڭ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى داشۆسىدە ئوقۇغان)؛ 2000 - يىلى 8 - ئايدىن 2002 - يىلى 10 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قورغاس ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان (1999 - يىلى 3 - ئايدىن 2000 - يىلى 12 - ئايغىچە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش كەسپى بويىچە ئاسپىرانتلار دەرسى بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدا ئوقۇغان)؛ 2002 - يىلى 10 - ئايدىن 2010 - يىلى 9 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى غۇلجا ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان (2007 - يىلى 8 - ئايدا مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولغان)؛ 2010 - يىلى 9 - ئايدىن 2014 - يىلى 11 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى (مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك)، غۇلجا شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 2014 - يىلى 11 - ئايدىن 2015 - يىلى 4 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر بولغان؛ 2015 - يىلى 4 - ئايدىن 2016 - يىلى 12 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان (2016 - يىلى 7 - ئايدا قالدۇرۇلغان)، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن نازىر بولغان؛ 2016 - يىلى 12 - ئايدىن ھازىرغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 3 - شىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى، 1 - سىياسىي كومىسسارى (بۇ مەزگىلدە: 2018 - يىلى 6 - ئايدىن 2021 - يىلى 1 - ئايغىچە ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن).

پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى.

## زۇمرەت ئوبۇلنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

(بېشى 3 - بەتتە)

1991 - يىلى 1 - ئايدىن 1992 - يىلى 8 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايەتلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى مەدەنىيەت تىجارىتى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولغان؛ 1992 - يىلى 8 - ئايدىن 1995 - يىلى 8 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايەتلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى مىللىي سودا سارىيىنىڭ دىرېكتورى بولغان؛ 1995 - يىلى 8 - ئايدىن 2001 - يىلى 1 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايەتلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولغان (بۇ مەزگىلدە: 1996 - يىلى 3 - ئايدىن 1996 - يىلى 6 - ئايغىچە شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلار شۆيۈەنىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش كۇرسىدا ئوقۇغان؛ 1998 - يىلى 9 - ئايدىن 1999 - يىلى 6 - ئايغىچە تيەنجىن داشۆسى باشقۇرۇش شۆيۈەنىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىدا ئوقۇغان)؛ 2001 - يىلى 1 - ئايدىن 2006 - يىلى 5 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان (2000 - يىلى 8 - ئايدىن 2002 - يىلى 12 - ئايغىچە مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ ماتېرىيال بىلەن ئوقۇتۇلىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدە ئىشلەۋېتىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان)؛ 2006 - يىلى 5 - ئايدىن 2008 - يىلى 8 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 2008 - يىلى 8 - ئايدىن 2008 - يىلى 12 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يېڭىسار ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇۋەققەت ھاكىم بولغان؛ 2008 - يىلى 12 - ئايدىن 2012 - يىلى 3 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يېڭىسار ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ھاكىم بولغان؛ 2012 - يىلى 3 - ئايدىن 2016 - يىلى 5 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان (بۇ مەزگىلدە: 2014 - يىلى 3 - ئايدىن 2014 - يىلى 7 - ئايغىچە مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىدا ئوقۇغان)؛ 2016 - يىلى 5 - ئايدىن 2017 - يىلى 2 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇۋەققەت شەھەر باشلىقى بولغان؛ 2017 - يىلى 2 - ئايدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇمۇل شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى.

13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى.

## توختى ياقۇپنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

(بېشى 3 - بەتتە)

1991 - يىلى 7 - ئايدىن 1994 - يىلى 10 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى مەدەنىيەت - مائارىپ - مەمۇرىي مالىيە باشقارمىسىدا مۇئاۋىن مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى، مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى بولغان؛ 1994 - يىلى 10 - ئايدىن 1997 - يىلى 11 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى مەدەنىيەت - مائارىپ - مەمۇرىي مالىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان (بۇ مەزگىلدە: 1995 - يىلى 9 - ئايدىن 1996 - يىلى 7 - ئايغىچە تيەنجىن داشۆسى باشقۇرۇش شۆيۈەنىنىڭ شىنجاڭ مىللىي كادىرلار سىنىپىدا ئوقۇغان)؛ 1997 - يىلى 11 - ئايدىن 2001 - يىلى 5 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى خامچوت باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان (1999 - يىلى 3 - ئايدا باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك بولغان) (بۇ مەزگىلدە: 1998 - يىلى 9 - ئايدىن 2000 - يىلى 7 - ئايغىچە شىنجاڭ داشۆسىنىڭ سىياسىي - ئىقتىساد كەسپى ئاسپىرانتلار دەرسى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدا ئوقۇغان)؛ 2001 - يىلى 5 - ئايدىن 2002 - يىلى 5 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى خەزىنە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان (2001 - يىلى 3 - ئايدىن 2002 - يىلى 1 - ئايغىچە مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىدا ئوقۇغان)؛ 2002 - يىلى 5 - ئايدىن 2002 - يىلى 11 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى مەمۇرىي - سىياسىي قانۇن باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 2002 - يىلى 11 - ئايدىن 2011 - يىلى 7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر بولغان (2001 - يىلى 3 - ئايدىن 2004 - يىلى 1 - ئايغىچە مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق كەسپىدە ئىشلەۋېتىپ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان؛ 2007 - يىلى 3 - ئايدىن 2007 - يىلى 9 - ئايغىچە مالىيە مىنىستىرلىقى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ۋەزىپە بىلەن چېنىققان؛ 2008 - يىلى 3 - ئايدىن 2009 - يىلى 1 - ئايغىچە مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوتتۇرا ياش - ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش سىنىپىدا ئوقۇغان؛ 2009 - يىلى 7 - ئايدىن 2010 - يىلى 2 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونىنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش 1 - خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان)؛ 2011 - يىلى 7 - ئايدىن 2016 - يىلى 7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر، ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان (بۇ مەزگىلدە: 2015 - يىلى 3 - ئايدىن 2016 - يىلى 2 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پائالىيىتى بويىچە، ئاۋات ناھىيەسى غورۇچۆل بازىرىدا تۇرۇشلۇق ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش، مەركەزلىك تۈزەش خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان)؛ 2016 - يىلى 7 - ئايدىن 2018 - يىلى 11 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر، ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان؛ 2018 - يىلى 11 - ئايدىن 2020 - يىلى 5 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر بولغان؛ 2020 - يىلى 5 - ئايدىن 2020 - يىلى 6 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان؛ 2020 - يىلى 6 - ئايدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باش كاتىپى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى.

## مۇقىيات جارمۇقامەتنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

(بېشى 3 - بەتتە)

1996 - يىلى 1 - ئايدىن 1999 - يىلى 7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جېمىنەي ناھىيەسى توپتېرەك يېزىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 1999 - يىلى 7 - ئايدىن 2000 - يىلى 8 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جېمىنەي ناھىيەسىنىڭ ھاكىم ياردەمچىسى، توپتېرەك يېزىسىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 2000 - يىلى 8 - ئايدىن 2002 - يىلى 1 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جېمىنەي ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولغان (1999 - يىلى 9 - ئايدىن 2001 - يىلى 12 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كەسپىدە ئىشلەۋېتىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان)؛ 2002 - يىلى 1 - ئايدىن 2003 - يىلى 2 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جېمىنەي ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان (2000 - يىلى 3 - ئايدىن 2002 - يىلى 6 - ئايغىچە دالىيەن تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى داشۆسى باشقۇرۇش ئىلمى ۋە قۇرۇلۇش كەسپى ئاسپىرانتلار دەرسى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىدا ئوقۇغان؛ 2002 - يىلى 3 - ئايدىن 2002 - يىلى 7 - ئايغىچە دالىيەن تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى داشۆسىنىڭ كارخانا باشقۇرۇش كەسپى شىنجاڭ سىنىپىدا ئوقۇغان)؛ 2003 - يىلى 2 - ئايدىن 2003 - يىلى 10 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۆكتوقاي ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان؛ 2003 - يىلى 10 - ئايدىن 2007 - يىلى 8 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باش كاتىپى بولغان (بۇ مەزگىلدە: 2004 - يىلى 3 - ئايدىن 2004 - يىلى 7 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوتتۇرا ياش - ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش سىنىپىدا ئوقۇغان)؛ 2007 - يىلى 8 - ئايدىن 2012 - يىلى 1 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى بولغان (بۇ مەزگىلدە: 2011 - يىلى 3 - ئايدىن 2011 - يىلى 7 - ئايغىچە مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ شىنجاڭ سىنىپىدا ئوقۇغان)؛ 2012 - يىلى 1 - ئايدىن 2016 - يىلى 6 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان (مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك) (بۇ مەزگىلدە: 2015 - يىلى 3 - ئايدىن 2016 - يىلى 1 - ئايغىچە مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوتتۇرا ياش - ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش 2 - سىنىپىدا ئوقۇغان)؛ 2016 - يىلى 6 - ئايدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى (2016 - يىلى 3 - ئايدىن 2018 - يىلى 1 - ئايغىچە مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىق ‹ئىگىلىك باشقۇرۇش› كەسپىدە ئىشلەۋېتىپ ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان؛ 2019 - يىلى 9 - ئايدىن 2020 - يىلى 1 - ئايغىچە مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوتتۇرا ياش - ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش 1 - سىنىپىدا ئوقۇغان)

13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى.